# سەپەر ئېيىدىن، ھۇقۇشتىن، ئاي مەنزىلىسىدىن ۋە ئىزتتقۇ جىندىن شۇم پال ئېلىش يوق دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسى توغرىسىدا

معنى حديث لا هامة ولا صفر ولا نوء ولا غول

< ئۇيغۇرچە >

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز
**تەكشۇرۇپ بېكىتكۇچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز
**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

13930-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەن: سەپەر ئېيىدىن، ھۇقۇشتىن، ئاي مەنزىلىسىدىن ۋە ئىزنىتقۇ جىنىدىن شۇم پال ئېلىش يوق دېگەن مەزمۇندا بىر ھەدىسنى ئوقۇدۇم، مۇشۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىبنى مۇپلىھ ئەلھەنبەلى رەھىمەھۇللار مۇنداق دەيدۇ: "مۇسنەدتە، بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقا ھەدىس توپلاملىرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: «ھۇقۇشتىن، سەپەر ئېيىدىن شۇم پال ئېلىش يوق» دېگەن ھەدىس بايان قىلىنغان،ئىمام مۇسلىم ۋە ھەدىس ئالىملىرى: « ئاي مەنزىلىسىدىن ۋە ئىزنىتقۇ جىنىدىن شۇم پال ئېلىش يوق» دېگەن سۆزنى ئارتۇق كەلتۈرگەن.

بۇ سۆزلەرنىڭ چۈشەندۈرلىشى: ھۇقۇش، ئەرەپلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە، بىر كىشى ۋاپات بولۇپ دەپنى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ قەبرىسىدىن ھۇقۇش چىقىدۇ دەيتتى. ئۇلار خىيالىدا ۋاپات بولغۇچىنىڭ سۆڭەكلىرى ھۇقۇشقا ئايلىنىپ ئۇچىدۇ دەپ ئويلايتتى، ئۇلار يەنە:" باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ باش تەرىپىدىن ھۇقۇش چىقىدۇ، ماڭا سۇ بېرىڭلار، ماڭا سۇ بېرىڭلار دەپ توختىماي سايرايدۇ، ھەتتا قاتىلدىن قىساسىنى ئېلىپ ئۆلتۈرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلاتتى.

سەپەر ئېيىدىن شۇم پال ئېلىش يوق دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: ئەرەپلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە سەپەر ئېيىنىڭ كىرىشىدىن شۇم پال ئالاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىستە: «سەپەر ئېيىدىن شۇم پال ئېلىش يوق» دېگەن، يەنە بىر قاراشتا: ئەرەپلەر ئىنسانىنىڭ قورسىقىدا يىلان بولۇپ، ئەر-ئاياللار مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە يىلان ئەر كىشىگە ئازار يەتكۈزىدۇ ۋە دۈشمەنلىك قىلىدۇ دەپ قارايتتى. ئىسلام دىنى بۇ قاراشنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى بىكىتتى.

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ: جاھىلىيەت ئەھلى بىر يىلى سەپەر ئېيىنى ئۆرۈش چەكلەنگەن ئاي دىسە، يەنە بىر يىلى ئۆرۈش چەكلەنمىگەن ئاي دەپ بىكىتەتتى، دەيدۇ.

ئاي مەنزىلىسى دېگەن: ئاينىڭ 28 چۈشۈش ئورنى بولۇپ، ھەدىستە بايان قىلىنغىنى ئۇنىڭ بىرى، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْقَمَرَ قَدَّرْنَاهُ مَنَازِلَ﴾ تەرجىمىسى: «ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق» [سۈرە ياسىن 39-ئايەت].

ئاي ھەر ئون ئۈچ كۈندە تاڭ يورۇش بىلەن غەرب تەرەپتە بىر ئورۇنغا چۈشىدۇ، يەنە ئون ئۈچ كۈندىن كېيىن شەرق تەرەپتىن كۆتۈرۈلىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى يىلنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، ئەرەبلەر ئاينىڭ چۈشۈش ئورنى بىلەن كۆتۈرۈلۈش ئورنى بىر-بىرىگە ئۇدۇل كەلگەندە يامغۇر ياغىدۇ دەپ قاراپ، يامغۇرنى ئاينىڭ كۆتۈرۈلۈش ئورنىغا نىسبەت بېرەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاي پالانى ئورۇنغا چۈشكەندە، پالانى يۇلتۇز چاقنىغاندا يامغۇر ياغىدۇ دەيتتى.

ئەمما مۇسۇلمانلار يامغۇرنى ئاللاھ تائالا بىزگە ياغدۇرۇپ بەردى، ئادەتتە مۇشۇنداق ۋاقىتتا يامغۇر ياغىدۇ دەپ قارايتتى. ئاينىڭ چۈشۈش ئورنىدىن شۇم پال ئېلىشنىڭ ھاراملىقى ياكى ياخشى كۆرۈلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار.

ئىزنىتقۇ جىن-شەيتانلاردىن شۇم پال ئېلىش يوق دېگەن سۆزنىڭ چۈشەندۈرۈلىشى: ئەرەبلەرنىڭ "غول" دېگەن سۆزى جىن ياكى شەيتاننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، چۆل-باياۋاندا كىشىلەرگە كۆرۈنۈپ تۈرلۈك ئاۋاز چىقىرىپ ئۇلارنى ئازدۇرۇپ ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ دەپ قارايدۇ، ئىسلام دىنى بۇ تۈردىكى باتىل قاراشلارنى رەت قىلىدۇ.

يەنە بىر قاراشتا ئىسلام دىنى ئىزنىتقۇ-جىنلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى رەت قىلمىدى بەلكى ئەرەبلەرنىڭ ئىزنىتقۇلار ئىنسانىنى ئازدۇرۇپ ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ دېگەندەك قاراشلىرىنى رەت قىلدى دېيىلىدۇ، چۈنكى ئىزنىتقۇ-شەيتانلار ئەمەلىيەتتە ھېچ كىشىنى ئازدۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ. بۇنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان: «ئىزنىتقۇ-شەيتانلار زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ لېكىن خىيال قىلدۇرۇپ ئارىلاشتۇرىۋېتىدۇ» دېگەن ھەدىس ئىسپاتلايدۇ. خەللالنىڭ تاۋۇستىن نەقىل قىلغان رىۋايىتىدە، بىر كىشى سەپەردە تاۋۇس رەھىمەھۇللاھقا ھەمرا بولغان، بىر جايدا قاغا قاقىلدىغاندا، ئۇ كىشى: ياخشىلىق، ياخشىلىق، دېگەندە، تاۋۇس رەھىمەھۇللاھ ئۇ ئادەمگە:" قارغىنىڭ قاقىلدىشىدىن ياخشىلىق ياكى يامانلىق كۈتەلەمدۇ؟!! دەپ ئاچچىقلاپ سەن ماڭا ھەمراھ بولمىغىن دەيدۇ. ["شەرئىيەت ئادابلىرى" ناملىق ئەسەر 3-توم 369-370-بەتلەر].

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بەزى ئالىملار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «كېسەل ئادەم ساق ئادەمنىڭ يېنىغا كىرمىسۇن» دېگەن ھەدىسنى :«قوتا تۆگىدىن ساق تۆگىگە كېسەل يۇقۇش يوق» دېگەن ھەدىس

بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دەپ قارايدۇ، بۇ قاراش توغرا ئەمەس، بىز ھازىرلا سۆزلەپ ئۆتتۇق، چەكلەنگەن ئىش بولسا، رۇخسەت قىلىنغان ئىشتىن ئايرىم بىر ئىش، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىستە چەكلىگىنى: «كېسەلنىڭ يۇقىشى يوق، سەپەر ئېيىدىن شۇم پال ئېلىش يوق» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ شېرىك ئېتىقادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىقادى ئۆزلىرىنىڭ شېرىك ۋە كۇپىر ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ئەمما پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «كېسەل ئادەم ساق ئادەمنىڭ يېنىغا كىرمىسۇن» دېگەن ھەدىسى توغرىسىدا ئىككى خىل قاراش بار:

بىرىنچى: ئاللاھ تائالا يۇقۇشنى تەقدىر قىلغان بىر ئىشقا نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە قېيىنچىلىق ۋە قورقۇشنىڭ پەيدا بولىشى، كېسەل يۇقىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن يېنىغا كىرگەن كىشىلەردىن تەشۋىشلىنىش، ئۇلارغا قوپاللىق قىلىش قاتارلىق ئېھتىماللار بولۇپ، مەزكۇر ھەدىس بىلەن بۇنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق.

ئىككىنچىسى: كېسەل ئادەمنىڭ ساق ئادەمنىڭ يېنىغا كىرىشى ئاللاھ تائالانىڭ ساق ئادەمگە پەيدا قىلىدىغان كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قېلىشى ۋە كېسەل كىرىشى سەۋەبى بىلەن ساق ئادەمگە كېسەل يۇقىشى مۇمكىن، ئاللاھ تائالا ساق ئادەمگە كېسەلنىڭ يۇقىشىنى كېسەللىكنىڭ قارشىسىدىكى سەۋەبلەر بىلەن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان سەۋەبلەر بىلەن چەكلەپ قويۇشى مۇمكىن، بۇ شېرىك ئەھلىنىڭ قارشىسىدىكى خالىس تەۋھىد ئەقىدىسى بىلەن بولىدۇ.

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدە شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتىنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئايەتكە ئوخشايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنفِقُوا مِمَّا رَزَقْنَاكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَ يَوْمٌ لَّا بَيْعٌ فِيهِ وَلَا خُلَّةٌ وَلَا شَفَاعَةٌ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! سودا ـ سېتىق، دوستلۇق ۋە (اللہ نىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار.» [سۈرە بەقەرە 254ـ ئايەت].

ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنىدە شاپائەتنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىسپاتلايدىغان مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر بىلەن بۇ ئايەتنىڭ ئارىسىدا ھېچ قانداق زىتلىق يوق. ئايەتتە ئاللاھ تائالا شېرىك ئەھلىنىڭ شېرىك ئېتىقادى بىلەن ئىسپاتلىغان يەنى شاپائەت قىلغۇچىنىڭ شاپات قىلىنغۇچى رۇخسەت قىلمىسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا شاپائەت تەلەپ قىلىدىغان يولسىز شاپائىتىنى چەكلىدى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىسپاتلىغان شاپائەت بولسا، ئاللاھ تائالا رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن بولىدۇ. بۇ

توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِندَهُ إِلَّا بِإِذْنِهِ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن.» [سۈرە بەقەرە 255-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَىٰ﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلار ئاللاھ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ.» [سۈرە ئەنبىيا 28-ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَنفَعُ الشَّفَاعَةُ عِندَهُ إِلَّا لِمَنْ أَذِنَ لَهُ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ.» [سۈرە سەبەئ 23-ئايەت]. ["ھاشىيەتى سۇنەن ئەبى داۋۇد" 10-توم289-291-بەتلەر].

ئاللاھ تائالا توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن.